## 2730 ـ تەراۋىھ نامىزى بىلەن كېچىلىك نامازنىڭ ئارىسىدا پەرق بارمۇ؟

### سۇئال

كېچىلىك ناماز بىلەن تەراۋىھ نامىزىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق نېمە؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

تەراۋىھ نامىزى بولسا كېچىلىك نامىزىنىڭ ئۆزى، كۆپچىلىك كىشىلەر ئويلىغاندەك ئۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ناماز ئەمەس، كېچىلىك ناماز رامزاندا تەراۋىھ دەپ ئاتالغان، چۈنكى ئىلگىرىكى كىشىلەر-ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن - ھەر ئىككى رەكەت ياكى تۆت رەكەت ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كېچىلىك نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، ئەجىر-ساۋاپ پۇرسىتىنى غەنىمەت بىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدە بايان قىلغان ياخشىلىقىغا نائىل بولۇش ئۈچۈن ئولتۇرۇپ ئارام ئالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رامزاننىڭ كېچىسىدە ئاللاھقا ئىشىنىپ، ساۋاپ ئۈمىت قىلىپ تۇرغان كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدى.» [بۇخارى رىۋايىتى36–ھەدىس].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.